# ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ «بىخەتەرلىك سىزىقى»نى مۇستەھكەملەش

—— «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» توغرىسىدىكى يۇرۇشلۇق مۇلاھىزىنىڭ ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قىسمى

جۇڭگو ئىقتىسادىنى يېڭىدىن كۆزىتىش

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لىۋ ياڭياڭ، ۋاڭ لىبىن

يېقىندا ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش تەكىتلەندى. جان يىلتىزى ئاش، ئېنېرگىيە سانائەتنىڭ ئاشلىقى دەپ ئاتالغان. ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى، ئاشلىق، ياغ بازىرىدا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتە ئاشلىق، ياغ بازىرى مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇپ، كۆمۈر، ئېلېكتر، نېفىت - گاز قاتارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرى بىرقەدەر ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ «بىخەتەرلىك سىزىقى» مۇستەھكەملەندى.

### ئاشلىق، ئېنېرگىيە ساھەسىدە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ۋەزىيىتى ياخشى بولۇش

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، جۇڭگو نېفىت خىمىيەسى غەربىي شىمال نېفىتلىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش قۇدۇقى - شۈنبېي 52A قۇدۇقىدا نېفىت - گازدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كۈنىگە ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 150 توننا، تەبىئىي گاز 59 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ياخشى بولغان چارلاپ تەكشۈرۈش ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، غەربىي شىمال نېفىتلىكى ماددىي ئەشيا، ئۈسكۈنىلەرنىڭ توشۇلۇشى راۋان بولماسلىق، خادىملارنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىپ كېلىشى قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى يېڭىپ، نېفىتلىكنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. نۆۋەتتە، نېفىتلىكتە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئىزىغا چۈشتى، 1 - پەسلىدە نېفىت - گاز مەھسۇلاتلىرىنى تولۇق ئىشلەپچىقىرىش، تولۇق سېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«بۇ يىل 1 - پەسلىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە ساھەسىدە يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، ئېنېرگىيە ئىمپورتىنىڭ ئېشىشى بىرقەدەر تېز، ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش مۇقىم، يېتەرلىك بولۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۇختا كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى» دېدى دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ئېنېرگىيە ئىستاتىستىكا مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى لىۋ ۋېنخۇا.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشچە، 1 - پەسلىدە، دۆلىتىمىزنىڭ كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولغان. تاش كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشى تېز ئەسلىگە كەلگەن. ھەرقايسى جايلار ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتقان، سەنشى، شەنشى قاتارلىق تاش كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونلار ۋە ئاساسلىق تاش كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىپ، تاش كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلغان. 1 - پەسلىدە تاش كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 830 مىليون توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.5% تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى سەۋىيەگە يېقىنلاشقان. نېفىت - گاز ئىشلەپچىقىرىشى بىرقەدەر تېز ئېشىشنى ساقلىغان. نېفىت - گاز ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى تەمىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى پائال قويۇپ بەرگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلغان. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ھەمكارلىق مېخانىزمىدىكى 37 نۇقتىلىق پىششىقلاش كارخانىسىنىڭ ھەممىسى ئىش باشلىغان، كۈندىلىك بۇغداي پىششىقلاش ئىقتىدارى 465 مىڭ تونىغا، كۈندىلىك شال پىششىقلاش ئىقتىدارى 487 مىڭ تونىغا يەتكەن.

### كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىلەن مۇقىم تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش

دېھقانلارنىڭ يۇقۇم تەسىرىگە ئۇچراپ ئاشلىقنى ۋاقتىدا سېتىشقا ئامالسىز قېلىش ئېھتىمالى كۆرۈلۈشتەك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت شەرقىي شىمال رايونىدا ئىجرا قىلىنىدىغان شالنى ئەڭ تۆۋەن سېتىۋېلىش باھا سىياسىتىنىڭ مۇددىتىنى بىر ئاي ئۇزارتتى. 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە سېتىۋېلىش مۇددىتى ئاخىرلاشتى، جۇڭگو زاپاس ئاشلىق باشقۇرۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئوتتۇرا، كەنجى شالدىن ئەڭ تۆۋەن سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە جەمئىي 22 مىليون 80 مىڭ توننا سېتىۋېلىشنى ئورۇندىدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 350 مىڭ توننا ئاشتى.

«نۆۋەتتە، جۇڭگو زاپاس ئاشلىق باشقۇرۇش گۇرۇھى شىركىتى باشقۇرۇۋاتقان مەركەزنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدىكى ئاشلىق ئامبار زاپىسى يېتەرلىك، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇغداي ۋە شالنىڭ ئەڭ تۆۋەن سېتىۋېلىش باھا سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق، دۆلەت ئادەتتىكى مەركەز زاپاس ئاشلىقىدىن باشقا، يەنە خېلى كۆپ سىياسەت خاراكتېرلىك ئاشلىق ئامبار زاپىسىنى ئىگىلىدى، دۆلىتىمىز ئاشلىقىنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە بولدى» دېدى جۇڭگو زاپاس ئاشلىق باشقۇرۇش گۇرۇھىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى شىن لىيخېي.

كۆپ يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، دۆلىتىمىزدە مەركەز زاپىسى بىلەن يەرلىكنىڭ زاپىسى ماسلاشتۇرۇلۇپ يۈرۈشتۈرۈلىدىغان، ھۆكۈمەت زاپىسى بىلەن كارخانىلار ئامبار زاپىسى بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئاشلىق ئامبار زاپىسى سىستېمىسى شەكىللەندى، ئاشلىق ئومۇمىي ئامبار زاپىسى تارىختىكى يۇقىرى ئورۇندا تۇردى، بولۇپمۇ بۇغداي، شال ئامبار زاپىسى بىر يىلدىن ئارتۇق ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بولۇپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش، بازارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى بىخەتەرلىك مۇداپىئە سىزىقىغا ئايلاندى.

ھەرقايسى جايلاردىكى ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيالارنى زاپاس ساقلاش تارماقلىرى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە جىددىي كاپالەتلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ماسلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتتى. خۇبېي خۇنەن، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭشى قاتارلىقلار بىلەن ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش كاپالەت مېخانىزمى ئورناتتى.

دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى خەلق ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى يەن پېڭچېڭ مۇنداق بىلدۈردى: نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق زاپىسى ناھايىتى يېتەرلىك، پۈتۈن مەملىكەتتە تەييار ئاشلىق، ياغ بازىرىنىڭ تەمىنلىشى يېتەرلىك، ئايلىنىشى تەكشى، مۇقىم، باھاسى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى.

پۈتۈن مەملىكەتنى ئېنېرگىيە بىلەن مۇقىم تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسى خىزمەت مەخسۇس بەنى قۇرۇپ، ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشنى ماسلاشتۇردى ۋە تەڭشىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېنېرگىيە كاپالىتى، ئېنېرگىيە كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇش خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كۆمۈر، توك، نېفىت - گاز قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ تەمىنلەش ئىقتىدارى، ئېھتىياج ئەھۋالى ھەمدە ساقلانغان مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ساھەلەرگە ئايرىپ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئېنېرگىيە بىلەن مۇقىم تەمىنلەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

يۇقۇم مەزگىلىدىكى ئېنېرگىيە ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز دۆلەت ئىچىدىكى ئېنېرگىيە كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، ئېنېرگىيە ئىمپورتىنى داۋاملىق كۈچەيتتى. تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ تېز خەۋەرلەر سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 1 - پەسلىدە كۆمۈر ئىمپورتى يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشقان، خام نېفىت، تەبىئىي گاز مۇقىم ئاشقان.

### ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى مۇنداق جاكارلىدى: تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس مىقدارى 100 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان ۋېيرۇڭ سلانېتس گازلىقىنى ئېچىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، تولۇق پۈتكەندىن كېيىن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ 16 مىليون ئائىلىنىڭ يىللىق گاز ئىشلىتىش مىقدارىغا باراۋەر.

يېقىندا، جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز گۇرۇھى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ شەرقىي زاپاس ساقلاش H6—1دا بۇرغىلاش باشلاندى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى گاز ساقلاش ئامبار توپى — تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ۋېنجىساڭ ئامبار توپى قۇرۇلۇشىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. تولۇق پۈتكەندىن كېيىن، ئالاقىدار گاز ساقلاش ئامبىرى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە 20 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدىغان غەربىي شىمال گاز ساقلاش مەركىزىنى شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭ ۋە غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولى بويىدىكى شەھەرلەرنى گاز بىلەن تەمىنلەش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ھەم دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تەبىئىي گاز يولىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرىدۇ.

«ئېنېرگىيە ئۇل ئەسلىھە سېلىنمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئۆسىدۇ» دەپ بىلدۈردى جۇڭگو نېفىت داشۆسىنىڭ پروفېسسورى لىۋ يىجۈن.

خاتىرجەم شارائىتتا خەۋپ - خەتەرنى ئويلاش، تىنچلىقتا خەۋپ - خەتەرنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. يەر شارىۋىلىشىش دەۋرىدە، ئاشلىق بىخەتەرلىكى ۋە ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى كىرىچىنى يەنىلا چىڭىتىپ، ئىسلاھاتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ باھانى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئاشلىق، ئېنېرگىيەنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، پۇقرالار «ئاشلىق»نىڭ يېتەرلىك، باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، كۆمۈر، توك، نېفىت، گاز بىلەن بىخەتەر، مۇقىم تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېقىندا، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قاتارلىق بەش تارماق بىرلىشىپ «تەبىئىي گازنى زاپاس ساقلاش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، گاز ساقلاش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تەبىئىي گازنى زاپاس ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسى تەبىئىي گاز، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، كۆمۈر قاتارلىق تۈرلۈك ئېنېرگىيەلەرگە بىرلىشىپ كاپالەتلىك قىلىش، بىرلىشىپ تەمىنلەشنى پائال ئالغا سىلجىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، «ئاشلىق»قا ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ، چىڭىتىدۇ.

«يېڭى ئەھۋال، يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا، بىزنىڭ خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئىشەنچىمىز بار، غەيرىتىمىز بار، شارائىتىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار، جۇڭگولۇقلارنىڭ تاماق يېيىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ تاماق قاچىسىنى ئۆز قولىمىزدا چىڭ تۇتىمىز» دەپ بىلدۈردى دۆلەت ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)

كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسى مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى:

# «1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە سەپەرگە چىققاندا مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىش كېرەك

ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشىغا بولمايدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار جېڭ مىڭدا، تيەن شياۋخاڭ)**

«1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، پۇقرالار سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلسا بولامدۇ - يوق؟ ساياھەتكە چىققاندا قايسى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ جۇڭگو كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى فېڭ لۇجاۋ 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش - بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: يېقىنقى مەزگىلدە ئاغرىق مىسالى دوكلاتى يوق كۆپ قىسىم رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەپەرگە چىقىش بىرقەدەر بىخەتەر، لېكىن يەنىلا ھوشيار بولۇش كېرەك، ياشانغانلار، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاغرىقلار، ھامىلدار ئاياللار قاتارلىق خەتىرى يۇقىرى كىشىلەر توپىدىكىلەرنىڭ سەپەرگە چىقىشى تەۋسىيە قىلىنمايدۇ.

«سەپەرگە چىقىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىشى توغرىسىدا، يېقىن ئەتراپتا يۇقىرى پەللە مەزگىلگە تاقاشتۇرماي ساياھەتكە چىقىشنى، قىزىق نۇقتىلىق مەنزىرە نۇقتىلىرى ياكى مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلدىن ئىمكانقەدەر چەتنىشى، ھەم - يېپىق بوشلۇقتا كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرىنى قانات يايدۇرۇشتىن ساقلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.» فېڭ لۇجاۋ مۇنداق دېدى: رايون ئاتالاپ ساياھەتكە چىقماقچى بولغاندا، يېقىنقى مەزگىلدە ئاغرىق مىسالى دوكلاتى يوق رايونلارنى تاللاش ھەم مەنزىرە رايونى بىلەن مۇدەتتىن بۇرۇن ئالاقىلىشىپ، شۇ جاينىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىياسىتىنى ئىگىلەپ، تەلەپ بويىچە ياخشى تەييارلىق قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ماسكا ۋە قول دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنى يولدا ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلاش كېرەك.

فېڭ لۇجاۋ مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئايروپىلان ياكى پويىز قاتارلىق ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، تەرتىپ ۋە ئايروپىلان - پويىز خادىملىرىنىڭ باشقۇرۇش تەلىپىگە رىئايە قىلىپ، پۈتۈن مۇساپىدە ماسكا تاقاپ، قول تازىلىقىنى ياخشى قىلىش ھەم بېلەتنى ياخشى ساقلاپ تەكشۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈش كېرەك.

فېڭ لۇجاۋ مۇنداق دېدى: سەيلە - ساياھەت جەريانىدا، تەرتىپلىك ئۆچرەتتە تۇرۇش، ئادەملەر بىلەن بولغان ئارىلىقنى ساقلاش ۋە يۆتىلىش ئەدەپ - قائىدىلىرىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ياتاقتا قونۇش جەھەتتە، تازىلىق شارائىتى ياخشى مېھمانخانىلارنى تاللاش، ياتاققا كىرگەندىن كېيىن دېرىزىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك. «ساياھەت سەپىرىدە قىزىش، قۇرۇق يۆتىلىش، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە يېقىن ئەتراپتىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ كۆرۈنۈش كېرەك».

غىزالىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا فېڭ لۇجاۋ مۇنداق تەكلىپ بەردى: قاتناش ۋاستىلىرىغا ئولتۇرغاندا ئىمكانقەدەر غىزالىنىش قېتىم سانىنى ئازايتىش، مەنزىرە رايونىدا غىزالانغاندا ئالدى بىلەن سىرتتىن ئېلىپ كىرگەن يېمەكلىكلەرنى تاللاش، ئاشخانىدا غىزالىنىشقا توغرا كەلگەندە، ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرۇش ياكى يانمۇيان ئولتۇرۇپ غىزالىنىش، باشقىلار بىلەن بىر مېتىردىن ئارتۇق ئارىلىق ساقلاشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

يېقىندا، بەزى جايلار ئېلان قىلغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ ھەرىكەت ئىزىدىن كۆرسىتىلىشىچە، ئاغرىقنىڭ باشقا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى بىلەن بىللە غىزالانغانلىقى ھەم شۇ سەۋەبلىك يۇقۇملانغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. بۇنىڭغا قارىتا، فېڭ لۇجاۋ مۇنداق دېدى: «ھازىر يەنىلا كەڭ كۆلەمدە ئويچە غىزالىنىش تەۋسىيە قىلىنمايدۇ، ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان بوۋاقلارنى ئېلىپ چىقىپ ئاشخانىدا تاماق يېيىشمۇ تەۋسىيە قىلىنمايدۇ».

# شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئۇخۇشسىز ۋەزىيەتكە قارشى ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ياردەم بېرىشىدە، كارخانىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەت لايىھەسىنى بېكىتىپ، 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى كې شيەنجى مۇنداق دېدى: «شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئېھتىياجلىق زاپچاسلىرىنىڭ ھەممىسى شىئەندىن ئاپتوموبىل ئارقىلىق شىنجاڭغا توشۇلىدۇ، يۈك ئاپتوموبىلىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈش، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىرگۈزۈش، زاۋۇت رايونىغا كىرگۈزۈشتە، ھۆكۈمەت ۋە مەھەللە زور ياردەم بەردى، ئالاقىدار تارماقلار يەنە مەخسۇس خادىملارنى ئەۋەتىپ ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلدى».

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش لايىھەسى تۈزۈپ، ئىش ھالقىسى تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرغان. سېخنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرتىپنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش لايىھەسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلەپ، ئاپتوموبىل قۇراشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئاپتوموبىل قۇراشتۇرۇش ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرگەن.

«شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرىدە ئىش باشلاشنىڭ پايدىلىق ياخشى تەسىرىدە، شىركىتىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى تېز سۈرئەتتە ئاشتى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا 3000دىن كۆپرەك ئاپتوموبىل سېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 17% ئاشۇرۇشنى مۆلچەرلەۋاتىمىز، شۇنداق بولغاندا مەھسۇلات قىممىتى 932 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرىدىغان باج پۇلى 10 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى يانداش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 22 مىليون يۈەن بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ يىل شىركەت مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش نىشان - ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ» دېدى كې شيەنجى بازار ئىستىقبالىغا بولغان تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى جابدۇق سانائىتى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاڭ شياۋچۈەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۈتۈن ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، بازار ئېھتىياجىدىمۇ جانلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپتوموبىل كەسپىدە يەنىلا ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى ساقلىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن.

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلان چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 14كە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىدىن تۆتى بار. بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتوموبىل سانائىتىدە تاماملىنىدىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 4 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)